يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# بىرىكمە سىياسەت ئەمەلىيلەشتى مەبلەغ ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش دەل جايىدا بولدى

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋنىڭ سېتىش سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %8 ئاشتى

تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېي

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆيىدە تۇرۇپ ئىش بېجىرىۋاتقان شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ بازار ۋە سېپەتلىك ماركا باش نازارەتچىسى فۇ يەنلىغا نىسبەتەن يەنە بىر ئالدىراش كۈن بولدى. توردىكى يىغىندا خىزمەتداشلىرى بىلەن دۇكان ئېچىلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتى لايىھەسىنى تەتقىق قىلدى، يەنە مەھسۇلات ۋە تۇرمۇش ئادىدىي ساۋادلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ تونۇشتۇردى. «گەرچە ئەمەلىي دۇكانلار ۋاقتىنچە تىجارەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما كارخانا توردا نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىمىز دۇكان قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش كۈنىگە ئالدىن تەييارلىق قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتى بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللىك ئىستېمال پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتىمىز» دېدى فۇ يەنلى.

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا ھەر قايسى تارماقلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياردەم بېرىش ـ يۆلىشى بىلەن، تۈرلۈك ئىستېمالنى قوزغىتىش تەدبىرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، سۈنىڭ يىگۈۋنىڭ سېتىش سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %8 ئېشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق» دېدى شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋنىڭ باش دىرېكتورى خەن لىپى.

2006 ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تىجارىتىنى ئاساس قىلغان سودا كارخانىسى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، كارخانا تىجارەت تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، «پارچە سېتىش سودىگىرى»دىن «پارچە سېتىش مۇلازىمىتى سودىگىرى»گە قاراپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى.

«بىز توردا سۈنىڭ بۇلۇت دۇكىنى كىچىك پروگراممىسى، سۈنىڭ خېرىدار تەۋسىيە قىلىش، ۋېيشىندا تالاش سېتىۋېلىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئاممىۋى ماركېتنىڭ قوراللىرى ئارقىلىق، ئىستېمالچىلارنى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدۇق. ھازىر تور سىرتىدىكى دۇكانلارنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال ساتقۇچى بولدى» دېدى فۇ يەنلى.

خەن لىپىنىڭ قارىشىچە، گەرچە كارخانا ئالدىنقى يېرىم يىلدا يامان ئەمەس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن جەريانى ئانچە ئاسانغا توختىماپتۇ.

«يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى 74 دۇكىنىنىڭ ھەممىسى تاقالدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆي ئىجارىسى، مۈلۈك باشقۇرۇش قاتارلىق مۇقىم تەننەرخ ھەممىدە يۇقۇم مەزگىلىدىكى مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى ئوبوروت قىلىپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈش تەننەرخى قاتارلىقلار كارخانىغا خېلى بېسىم ئېلىپ كەلدى» دېدى خەن لىپى.

ئىش، ئىشلەپچىقىرىش تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خېرىدارلار ئېقىمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئىستېمال كۆزلىمىسىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئىستېمال ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىستېمال يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىشكە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ، تور سىرتىدىكى ئىستېمالدا ناھايىتى زور ئۈلۈشنى ئىگىلىگەن سۈنىڭ يىگۈۋنى غايەت زور خىرىسقا دۇچار قىلدى.

كارخانىنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ سودا، بازار نازارەتچىلىكى، باج قاتارلىق تارماقلىرى ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، «سىياسەت توپلىمى» شەكىللەندۈرۈپ، «سىياسەت توپلىمى»نى خەن لىپىنىڭ قولىغا يەتكۈزدى. «ھەقىقىي بايلىق» ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، كارخانا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى، سودا تارماقلىرى يەنە ئىستېمال يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىش جەھەتتە كارخانىغا ياردەم بەردى.

[سىياسەت] كارخانا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج تارماقلىرى توققۇز تۈرلۈك كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللايدىغان 13 تۈرلۈك سىياسەت ۋە 15 تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى، «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت» قوللىنىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭكىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، باج تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش، ئىلتىماس قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئالاقىدار تارماقلار كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تۇرالغۇ جامائەت فوندى تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش، كارخانىلار ئىشلىتىدىغان توك، گازنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى.

ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك، سودا ساراي، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى.

«بىز ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئارقىلىق ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، باجنى 60 كۈن كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، كارخانىنىڭ نەق پۇل ئوبوروتى بېسىمىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يېنىكلەتتۇق.» خەن لىپى مۇنداق دېدى: تۈرلۈك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ھەم ياردەم تولۇقلىمىسى كارخانىنى 10 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ مەددىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى جۇڭگو بانكا بىرلەشمىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئىستېمال بېلىتى تارقاتتى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتى تارقىتىپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

[ئەمەلىيلەشتۈرۈش] «ئىستېمال بېلىتى قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋ ‹ساغلام ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش ئىستېمال ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە كونىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇش خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ياردەم تولۇقلىمىسى› قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قوزغاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىر قىسىم تىپلارغا قارىتا بىرنى سېتىۋالسا بىرنى سوۋغا قىلىش، يېرىم باھادا سېتىۋېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى.» خەن لىپى مۇنداق دېدى: تۈرلۈك سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا، شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋنىڭ سېتىش سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %20 ئېشىپ، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى بىر ھەسسە ئېشىشتەك نەتىجە يارىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ سۈنىڭ يىگۈۋ دۇكانلارنى تورلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى تېزلەتتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، كارخانىنىڭ جەمئىيەت ئالاقىسى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىكى زاكاز تالونى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %356 ئاشتى.

«تور ۋە تور سىرتىدىكى يۇغۇرما تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشى، بۇنىڭدىن كېيىن كارخانىمىز داۋاملىق ‹كىرىزىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش›تەك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئەمەلىي قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بايلىقنى يۇقىرى ئۈنۈمدە بىرلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دىققەتنى تور سۇپىسىدا كۆڭۈل قويۇپ تىجارەت قىلىش ھەم تور سىرتىدىكى دۇكانلارنى تورلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، بازارنىڭ ئېشىش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىمىز» دېدى خەن لىپى.



8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 9 ـ كېسەللىك رايونىدا، دوختۇر ـ سېستىرالار لىفت ئالدىدا دوختۇرخانىدىن چىققان ليۇ ھەدىنى ئۇزىتىپ قويدى.

# ليۇ ھەدىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش خاتىرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋىرى
پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي لۇك فوتوسى



8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU 2 ـ كېسەللىك رايونىدا، كېسەللىك رايونىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللىكلەر تېببىي مەركىزى 3 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما لۇك (سولدىن 1 ـ كىشى) ليۇ ھەدىنى داۋالىماقتا.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 13لەردە، ليۇ ھەدە چوڭ قەدەم بىلەن ئايرىۋېتىلگەن كېسەللىك رايونىدىن چىقىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ ئىللىق قۇياشقا قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، «دوختۇرخانىدىن چىقتىم، بەك ياخشى بولدى!» دېدى.

«گەرچە مەن مۇداپىئە كىيىمى ئىچىدىكى سىلەرنىڭ قىياپىتىڭلارنى كۆرەلمىسەممۇ، لېكىن پۈتۈن زېھنى بىلەن ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھەربىر سىيمانى ئېسىمدە تۇتالايمەن.» ليۇ ھەدە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە 18 كۈن ھەمراھ بولغان دوختۇر ـ سېستىرالار بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى.

ليۇ ھەدىگە 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغان دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان.

60 ياشلىق ليۇ ھەدىنىڭ 40 يىللىق رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى كېسەللىك تارىخى، يەنە يۇقىرى قان بېسىم ۋە دىيابېت كېسىلى بار ئىدى. قوبۇل قىلىپ داۋالانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 4 ـ بىنا 9 ـ كېسەللىك رايونىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى نەپەس يولى نېرۋا كېسەللىكلىرى ئىچكى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لو چىن «بېسىم تاغدەك ئېغىر» دەپ ئوچۇقلا ئېيتقانىدى.

لو چىن ليۇ ھەدىنى سېستىرالار پونكىتىغا ئەڭ يېقىن كېسەلخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۆۋەتچى دوختۇر ۋە سېستىرالارغا ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى.

لو چىننىڭ ئەنسىرىگىنىدەك، گەرچە پائال ھالدا ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش، ئوكسىگېن سۈمۈرتۈش، دۈم ياتقۇزۇش ھەممىدە جۇڭيى دورىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ليۇ ھەدىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ياخشىلىنىش بولماي، قىزىش، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ئېغىرلىشىش، بەلغەمنى ئاسان چىقىرالماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، CTدا قايتا تەكشۈرۈشتە، بىر جۈپ ئۆپكە قانىتىدىكى كېسەللىك ئۆچىقى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن، قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى %85كە چۈشۈپ قالغان. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، لو چىن ليۇ ھەدىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشىغا سۇنۇپ، شۇ كۈنى «ئېغىر تىپ» سۈپىتىدە ICU 2 ـ كېسەللىك رايونىغا يۆتكەپ كۆزىتىپ داۋالىغان.

ICU 2 ـ كېسەللىك رايونىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللىكلەر تېببىي مەركىزى 3 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما لۇك كۆرسەتكۈچكە ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، دەرھال ليۇ ھەدىنى بۇرۇن ئارقىلىق يۇقىرى ئېقىم مىقدارلىق ئوكسىگېن سۈمۈرتكۈزۈپ داۋالىدى ۋە مۇناسىپ دورا بىلەن داۋالىدى. ليۇ ھەدىمۇ ماسلىشىپ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت دۈم يېتىپ نەپەسلەندى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، ليۇ ھەدىنىڭ قېنىدىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى %93تىن ئېشىپ، بىر جۈپ ئۆپكە قانىتىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشىمۇ تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، ئۇ يەنە ئادەتتىكى كېسەللىك رايونىغا يۆتكەلدى.

ليۇ ھەدىنىڭ ICUدىن يۆتكەلگەندىلىك خەۋىرى كىچىككىنە كېسەللىك رايونىنى «بەك خۇشال» قىلىۋەتتى. دوختۇر ـ سېستىرالار ئۇنى بەس ـ بەستە قالتىس، دەپ ماختىدى، ئاغرىقلارمۇ ئۇنى كېسەل ئالۋاستىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ ئۈلگىسى، دەپ قارىدى.

پايتەخت تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى بېيجىڭ جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسى نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يۈگۇاڭ ليۇ ھەدىنى كۆپ قېتىم يوقلاپ، كۆرۈش، ئاڭلاش، سوراش، تۇتۇش ئارقىلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تولۇق كۆزىتىپ دىياگنوز قويغاندىن كېيىن داۋالاپ، ئۇنىڭغا ئۆپكىنى تازىلاپ ئىسسىقنى ياندۇرۇش، جىگەر ۋە ئاشقازاننى راۋانلاشتۇرۇش دورىسىنى يېزىپ بەردى، ليۇ ھەدە ئۈچ قېتىم ئىچكەندىن كېيىن بىئارام بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان ليۇ ھەدىنىڭ كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، «ليۇ ھەدە، سىز ئەتە دوختۇرخانىدىن چىقسىڭىز بولىدۇ!» لو چىن ئۇنىڭغا بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتقاندا، ليۇ ھەدە ھاياجانلانغىنىدىن بىر كېچە كۆز يۇممىدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ليۇ ھەدە يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇششاق گۈللۈك قىزىل كۆڭلەكنى كىيدى. دوختۇر ـ سېستىرالار ليۇ ھەدىگە سۈت ۋە كېچىلەپ سىزغان كىچىك كارتىنى سوۋغا قىلدى، كارتىغا مۇنداق سۆز قالدۇرۇلغانىدى: «بىز ئەڭ يارقىن تەبەسسۇمىمىز بىلەن بۇ سەممىي دوستلۇقنى خاتىرىلەيمىز».

«ھەدە، مېنىڭ ئىسمىم لو چىن، ‹لو›بۇ، ‹چىن›سەي، ئېسىڭىزدە تۇتالامسىز؟ قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇۋاپىق چېنىقىڭ، ۋاقتىدا دورا يەڭ، تېلېفون نومۇرنى يېزىپ بەردىم، مەسىلە بولسا خالىغان ۋاقىتتا بىزنى ئىزدەڭ، بىز سىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوختۇرىڭىز ۋە سېستىرايىڭىز.» ماڭىدىغان چاغدا لو چىن تەپسىلىي تاپىلىدى.

«مەن شۇنچە نېپىز كىيىنىپمۇ، كۈن بويى ئىسسىپ تەرلەپ كەتتىم، سىلەرگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ!» ليۇ ھەدە مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىپ، مۇداپىئە كىيىمىنى سېلىۋېتىشىڭلارنى، سىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتىڭلارنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى شەھەر، يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ، بۇ، شەھەر، يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك 1 مىليون 900 مىڭ ئادەمگە چېتىلىدۇ. ئۆلچەم ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يېتەكچى چېكى ئۆلچىمىدىن سەل يۇقىرى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقى يەنىمۇ زورىيىدۇ.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يېقىندا سىياسەت چىقىرىپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتتى. تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەردىكى ئېغىر مېيىپ، ئېغىر ئاغرىق قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، «يەككە نوپۇس»قا تەقلىد قىلىنىپ تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىش ئورنىغا قايتىشقا، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان، ئۇدا ئۈچ ئاي كىرىم مەنبەسى بولمىغان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ھەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى چىقىمى قاپلىيالمىغان دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان كىشىلەر تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، ئىشلەۋاتقان جاي ياكى دائىم تۇرۇشلۇق جايى بىر قېتىملىق ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ؛ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بېقىش قاپلاش دائىرىسىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يېشى 16 ياشتىن 18 ياشقا ئۇزارتىلىپ، تۆۋەن كاپالەت، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قاپلاش دائىرىسى ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى.

# يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىغا قەتئىي «ياق» دېيىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسىلىلەر تېخى ئەمەلدا ھەل قىلىنىدى، يەنە ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىزنىڭ بەتخەجلىك قىلىشقا، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىشقا تېخىمۇ باھانىمىز يوق.

بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىزگە ئاشلىق بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ تونۇتتى. گەرچە ئېلىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە قارىتا يەنىلا باشتىن ـ ئاخىر كىرىزىس ئېڭى بولۇش كېرەك. «جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق قاچىسىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتقۇزۇش» ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەتتۇر. دۆلىتىمىزدىكى 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئەلرايىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئاشلىق ئىسراپ قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي يول قويۇشقا بولمايدۇ.

تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرايلى. ھازىردىن باشلاپ، ئۆزىمىزدىن باشلاپ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىغا قەتئىي «ياق» دەيلى.